# ئۇلۇغ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمى پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب قىلغانلىقىنىڭ داۋامى. يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، پارتىيەمىز جەزمەن باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، پارتىيەنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. ئۇلۇغ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابقا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ھەم پارتىيەمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلپى ھەم پارتىيەمىزنى ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىچكى ئېھتىياجى.

قانچە ئۇزاق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنسېرى، ماركسىزملىق پارتىيەنىڭ خىسلىتىنى شۇنچە يىتتۈرۈپ قويماسلىق كېرەك، پارتىيەنىڭ ئەسلىي مەقسىتى، بۇرچىنى شۇنچە ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى شۇنچە يوقىتىپ قويماسلىق كېرەك. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، «تۆت چوڭ سىناق» كۈندىن ـ كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان، مۇرەككەپلىشىۋاتقان، «تۆت خىل خەۋپ» تېخىمۇ كەسكىنلىشىۋاتقان، گەۋدىلىنىۋاتقان ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ئالدىدا، پارتىيەمىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يەتتىكى، بازغانچىنىڭ بېلى چىڭ بولۇشى شەرت، جەزمەن بايراق روشەن ھالدا پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، قەيسەر ئىرادە، پەزىلەت بىلەن پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بىر قىسىم ساھەلەردىكى پارتىيە رەھبەرلىكى ئاجىزلىشىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى يېتەرسىز بولۇش، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق ئەھۋاللىرىنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، پارتىيەنى باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. يېڭى مۇساپىدە، بىز پارتىيەنى باشتىن ـ ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، خەلق چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىدىغان، تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان، كۆتۈرەڭگۈ، روھلۇق ماركسىزملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيە قىلىپ قۇرۇشتا، جەزمەن ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ، تارىخ ۋە ئەمەلىيەت داۋامىدا چىقىرىلغان چوڭقۇر يەكۈن.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇپ، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىپ، «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ مەسىلىلەرنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلىدى؛ «پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پەن ـ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر تەرەپ، ھەر ساھەلەردە پارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ» دېگەننى پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى» دېگەننى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشقا قارىتا تۈزۈم خاراكتېرلىك قېلىپلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ پۈتۈن جەريانىدا، ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈردى؛ ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇپ، پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيەدە قاتتىق بولۇش، نازارەت قىلىش قاتتىق بولۇش، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش قاتتىق بولۇش، ئەمەلدارلارنى باشقۇرۇش قاتتىق بولۇش، ئىستىل قاتتىق بولۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يۆنىلىشنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەش، سىياسەت بەلگىلەش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. پارتىيە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تاۋلىنىش جەريانىدا تېخىمۇ كۈچىيىپ، يېڭى، كۈچلۈك ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ھەم سىياسىي كاپالەت، ھەم سىياسىي يېتەكچىلىك. پۈتۈن پارتىيە جەزمەن پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تۈرلۈك تەشكىلات، تۈرلۈك ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ باشتىن ـ ئاخىر پۈتۈن ۋەزىيەتنى تولۇق ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسى يۈكلەنگەن پاراخوتنىڭ دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. يېڭى مۇساپىدە، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تاغقا يولۇققاندا يول ئاچىدىغان، سۇغا يولۇققاندا كۆۋرۈك سالىدىغان يول ئېچىش روھىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئۇلۇغ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغاندىلا، پارتىيەمىز چوقۇم دەۋرگە مۇناسىپ، خەلققە مۇناسىپ، تارىخقا مۇناسىپ شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2020 ـ يىلى ئابىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىدىغان يىل، شۇنداقلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. ھۆكۈمەت پارتگۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۇڭتىڭى پارتگۇرۇپپىسى ھەم ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەز 6 ـ كۆزىتىش گۇرۇپپىسى شىنجاڭ قانات يايدۇرغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس تۈرلۈك سەييارە تەكشۈرۈشكە قارىتا قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كەم ـ كوتىسىز ياخشى تۇتۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ۋە «قايتا قاراپ چىقىش»نى پۇرسەت بىلىپ، مەسئۇلىيەت ۋە خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىدىيەۋى تونۇش، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش، نىشان ـ ۋەزىپە، تەدبىرلەرنى ئالغا سىلجىتىش، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىنتىزام ئىجراسىنى نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە جەھەتتە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قەتئىي تەۋرەنمەي تۇتۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ياخشى جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىش كېرەك؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى قەتئىي تەۋرەنمەي تۇتۇپ، مۇقىملىق پايدىسىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەت مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاممىۋى ئاساس سېلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى زىچ چۆرىدەپ، ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق، ئۆلچەمنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، كۆزلىمىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا ساختىلىق ئىشلەتمەسلىك، ئۆلچەمنى تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك، سۈپەتكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك كېرەك؛ ھەم ئالدىغا ئۆتۈۋالماي، ھەم قەستەن كەينىگە سۆرىمەي، دىققەت نۇقتىسىنى چېچىۋەتمەي، نىشان مەركىزىنى ئۆزگەرتىۋەتمەي، ئەڭ قىيىنچىلىق بار جاينى چىڭ كۆزلەپ، ئەڭ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى كۆزلەپ، ئەڭ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەۋزەللىكلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ قورغانغا ھۇجۇم قىلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش» تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى راست نام تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»نى كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىپ، «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»قا تۈرتكە بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەقىقىي قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 15 ـ يىغىندا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسى (لايىھە)»نى 2020 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئېچىلىدىغان 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇش قارار قىلىندى. يىغىندا قاراپ چىقىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى لايىھەنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرىگە بېسىپ تارقىتىپ پىكىر ئالدى، ۋەكىللەرنى لايىھەنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇشقا تەشكىللىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ۋە جەمئىيەتتىكى ئاممىدىن كەڭ دائىرىدە پىكىر ئالدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسىنى تۈزۈشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش كېرەك. خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەكىللەرنى لايىھەنى تەتقىق قىلىپ ئوقۇش، مۇزاكىرە قىلىشقا تەشكىللەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسىنى قاراپ چىقىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە ۋە قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى تاماملىشىنى مۇستەھكەم كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەشتە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ئەھۋالى ھەمدە دۆلەت قاتلىمىدىن قوللاش ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى نەق مەيداندا ئىگىلەپ، مەركەزلىك كۆزدىن كەچۈرۈش، دوكلات ئاڭلاش، سۆھبەتلىشىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ۋە ئىنكاس قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنغا قاتنىشىشى ئۈچۈن ياخشى تولۇق تەييارلىق قىلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىلقى چاغاننى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن ساياھەت پائالىيىتىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىدىكەن، مەسىلەن: «شىنجاڭ ياخشى جاي» ـــ 7 ـ نۆۋەتلىك تىيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا چاغاننى تەبرىكلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يىلى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كۆرگەزمىسى يۈرۈشلۈك پائالىيىتى، سايرام كۆلى 4 ـ نۆۋەتلىك «قار ـ مۇزنىڭ سېھرىي كۈچى كۆك مۇزلۇقتا ئۈچرىشىش» قار ـ مۇز ساياھىتى پەسلى، قاغىلىق ناھىيەسى ستىيەم شەھرى مەنزىرە رايونى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئېكسكۇرسىيە پائالىيىتى قاتارلىقلاردا مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى، قار ـ مۇز مەدەنىيىتى ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ بايراملىق پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈلىدىكەن.

ھەرقايسى جايلاردىكى كۇتۇپخانا، مۇزېي، سەنئەت يۇرتى ـ ئۆمەكلىرى بىر يۈرۈش باش تېما كۆرگەزمىسى، كۆرگەزمە ـ ئويۇن ھەمتۈرتكە بولۇش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت پائالىيىتى، كىتاب ئوقۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك بايرام مەدەنىيىتى ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى يولغا قويىدىكەن. ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا «تەتقىقات ـ ئۆگىنىش دەرسلىكى ـــ مەن كۇتۇپخانىدا قائىدە ـ يوسۇن ئۆگىنىمەن»نى ئۇيۇشتۇرىدىكەن؛ قۇتۇبى ناھىيەلىك مۇزېي «قاشتېشى چاشقان چاغاننى كۈتۈۋالسا باھار يېتىپ كېلىدۇ، مۇزېيدا چاغان ئۆتكۈزۈش» پائالىيىتىنى يولغا قويىدىكەن؛ شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ئوپېرا ئۆمىكى «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» ناملىق كلاسسىك تىياترنى ئورۇنلايدىكەن؛ كۈيتۇن شەھەرلىك كۇتۇپخانا «جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى لېكسىيەسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەنزىرە رايونلىرى، مەنزىرە نۇقتىلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن شەكلى كۆپ خىل مەدەنىيەت ـ ساياھەت پائالىيەتلىرىنى يولغا قويىدىكەن ھەم ئىشىك بېلىتىدە ئېتىبار بېرىدىكەن. تىيانشان چوڭ جىلغىسى مەنزىرە رايونى «چاغاننىڭ 3 ـ كۈنى قار ـ مۇزلۇقتا پىيادە مېڭىپ چوڭ ھالقىش» پائالىيىتىنى يولغا قويىدىكەن؛ قورغاس ناھىيەسى يىپەك يولى نوڭساڭيۈەن مەنزىرە رايونى «7 ـ نۆۋەتلىك تىيانشاننىڭ جەنۇب ـ شىمالىدا چاغاننى تەبرىكلەش غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى يىلى مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت كۆرگەزمىسى ـــ يىپەك يولى نوڭساڭيۈەن چىراغ كۆرگەزمىسى»نى ئۆتكۈزىدىكەن، 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە مەنزىرە رايوننىڭ ئىشىك بېلىتى يېرىم باھادا سېتىلىدىكەن، 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىشىك بېلىتى ھەقسىز بولىدىكەن؛ قۇمقاناس مەنزىرە رايونى «قۇمقاناس ئىپتىدائىي يەلى»نى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مەنزىرە رايونىغا كېلىپ بىرلىكتە چاغان ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلىدىكەن؛ قاناس مەنزىرە رايونى يىراق قەدىمكى زامان تېرە قار تېيىلىش يولى، ئالتاي تېغىدىكى ئوۋچىلارنى ئىز قوغلاش قاتارلىق يېڭىچە قار ـ مۇز ساياھىتى پائالىيىتىنى يولغا قويىدىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق، بۇ يىل، بۇ بىر يۈرۈش تۈزۈمدە جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى تاشنى دومىلىتىپ تاغقا چىقىرىدىغان غەيرەت ۋە جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغان جاسارەت بىلەن، ئىنتىزام نازارەتچىلىكى، رېۋىزىيە نازارەتچىلىكى، ۋاكالەت ئاپپاراتلىرى نازارەتچىلىكى، كۆزىتىش نازارەتچىلىكى بويىچە ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي ئۈنۈم، ئىنتىزام ـ قانۇن ئۈنۈمى، جەمئىيەت ئۈنۈمىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى قەيەرگە بارسا، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنىڭ شۇ يەرگە يېتىشىپ بېرىشىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې شياۋدۇڭ.

ئەسلىي مەقسەت ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇش، بۇرچ زىممىسىدە بولۇش. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى 8 ـ قاراپ چىقىش تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يەن بىڭجى مۇنداق دېدى: بىز دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسىي نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نەپسىنى يىغماسلىق، قولنى تارتماسلىقتەك ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىنتىزام كاپالىتىگە ئىگە قىلىمىز.

ئالتاي ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ كادىرى سۈن جىگاڭ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك بولغان ھوقۇق نازارەت قىلىش تۈزۈمى ۋە ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتىمىز.

## پۈتۈن كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇشقا تۈرتكە بولۇش

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، شىنجاڭ يەرلىك پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ كۇيرەن مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىم، زورلۇقىنى، بۇرچىنىڭ زىممىسىدە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن يەرلىك پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئومۇميۈزلۈك ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يەرلىك پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ ئومۇمنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە بولغان نازارەتچىلىكنى سىجىل يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇمنىڭ ھوقۇقىنىڭ نازارەتچىلىك ئاستىدا ئۆلچەملىك، ئېنىق يۈرگۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يەرلىك پۇل مۇئامىلىنىڭ مۇقىم ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇل مۇئامىلە ئېكولوگىيە مۇھىتى يارىتىمىز.

پەيزاۋات ناھىيەسى غولتوغراق بازىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش كادىرى جيۇ جيۇجۈن مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل دىققەتنى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ۋەزىپىسىگە تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرىمىز.

شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى پارتكومىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ما جيەنبو مۇنداق دېدى: دىققەتنى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت، ئاساسلىق خىزمەت ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كارخانىنىڭ تەرەققىياتى، ئىسلاھ قىلىپ قايتا تەشكىللەش، مەبلەغ سېلىش تەدبىرى، قۇرۇلۇش قىلىش، بازار ماركېتىڭى، مالىيە باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇشتا خەۋپ ـ خەتەردىن ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سۇپىسىغا كىرگۈزۈپ، رېۋىزىيە ئوبيېكتلىرىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشى قەيەرگە بارسا، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى شۇ يەرگىچە يەتكۈزۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىنتىزام كاپالىتىگە ئىگە قىلىمىز.

## تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش

بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى دېلو نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى شەن شيۇخيەڭ مۇنداق دېدى: «بىز ھەقىقىي تۈردە تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تولۇق قاپلىغان تۈزۈم ئىجراسىنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۈندىلىك نازارەت قىلىش ۋە مەخسۇس تۈردىكى تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈم بويىچە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، ھوقۇق يۈرگۈزۈش، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشنى چىڭىتىپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولىمىز».

«بىز باجنى كېمەيتىش، ھەققىنى تۆۋەنلىتىش نەتىجىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ ۋە كېڭەيتىپ، ئىنتىزام، قائىدىنى باج ئىشلىرىدا قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، تېخىمۇ ئۆلچەملىك، ئېنىق قانۇن ئىجرا قىلىش ئارقىلىق باج تاپشۇرغۇچىلار، ھەق تاپشۇرغۇچىلارنىڭ قوللىشى، ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى رېن يەنچىن.

ئاقچى ناھىيەلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى پارتىيە ئىستىلى، ھۆكۈمەت ئىستىلىنى نازارەت قىلىش ئىشخانىسىنىڭ كادىرى ۋۇ يىخۇي مۇنداق دېدى: ئاساسىي قاتلام چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى ئالدىنقى قاراۋۇلخانا، بىز دەل جايىدا نازارەت قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى چىڭىتىپ، مەسىلىلەرنى دەل جايىدا بايقاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئەستايىدىل ھەيدەكچىلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كادىرلار ئىستىلىنىڭ «قاتتىق» «ئەمەلىي» بولۇشقا قاراپ ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

مارالبېشى ناھىيەسى شامال يېزىلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى قايىر قۇربان مۇنداق دېدى: «مەن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىمدە چىڭ ساقلاپ، دىققەتنى سىياسىي ساپا، سىياسىي ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، كۈرەش قىلىش روھىمنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئۇلۇغ ئىشى ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ تېگىشلىك تۆھپەمنى قوشىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى كاتىبات 1 ـ باشقارمىسىنىڭ كادىرى ياڭ گوبياۋ مۇنداق دېدى: پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ سىجىل چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، چوقۇم پۇقرالارغا تېخىمۇ كۆپ بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**(گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى جاۋ جيۈن، شى شىن، يۈەن لىي، مېھرىگۈل ناسىر، ۋاڭ يۈگفېي يازغان)**